# يېڭى نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2020 ـ يىلدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن خىرىسى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھەم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە يۈرەك قېنى مۇجەسسەملەنگەن.

ئۆتكەن بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇشنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەش، تۈرلۈك مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن يۆلەش سىياسىتى ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نازارەت قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى نامايان قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئۆزدگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ياخشى تۈزۈم، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

2021 ـ يىلى مۇھىم، زور ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋاقىت تۈگۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلىنىش يىلى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇشنىڭ باشلىنىش يىلى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل، بىز خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەش، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج. بىز ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئارىسىدىن كېلىش، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ساھەلەردە پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا تەرتىپلىك قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ تاكامۇللاشقان خەلق دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيلى.

يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ! ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، كېچە ـ كۈندۈز ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىرلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك كىشى 55، ئەمەلىي قاتناشقان كىشى 37 بولۇپ، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا چېن چۈەنگو، شەۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىكىگە سايلاندى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىن 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىلىدۇ، 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېپىلىدۇ، يىغىن ۋاقتى بەش كۈن. يىغىندا يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى سايلاپ چىقىلدى؛ يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش چارىسى لايىھەسى ماقۇللىنىپ، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلدى. يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش ۋاقتىنى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 6 ـ بەتتە)

ئۈچىنچى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ «تۆت خاھىش»تىن ئىبارەت جاھىل كېسەلنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تازىلاش كېرەك. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشىنى ئۇزاققىچە نازارەت قىلىپ، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى دەل جايىدا تۈزەش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ جورىلىرىنىڭ سودا قىلىش، كارخانا قۇرۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، ئائىلە تەۋەلىرى، پەرزەنتلىرىنى قاتتىق ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئائىلە تەربىيەسى، ئائىلە ئىستىلى يېتىلدۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

تۆتىنچى، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈزەش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق» سىياسىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مائارىپ، داۋالاش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش قاتارلىق ساھەلەردىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزىتىپ، تۈزەپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلقنى بېيىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى قەتئىي جازالاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىچىك، ئۇششاق ھوقۇق چىرىكلىكى مەسىلىسىنى تۈزەش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، ئۆتكۈر شەمشەرلىك رولىنى كۈچەيتىپ جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش خىزمەت ئەندىزىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشتە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاش كېرەك. تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە كۆندىلىك نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمى، باھالاش مېخانىزمنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، تۈزىتىش، تۈزەشنىڭ ئورگانىك تۇتاشتۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، شەھەر، ناھىيەلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، «ھالقىلىق ئاز سانلىقلار»نى چىڭ كۆزلەپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھەمكارلىشىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ۋە مەخسۇس مەسئۇل بولۇپ نازارەت قىلىشنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك بىلەن باشقا تۈرلۈك نازارەتچىلىكنى تۇتاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆندىلىك نازارەتچىلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، بولۇپمۇ «بىرىنچى قول رەھبەر»نى نازارەت قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. نۆۋەت ئالمىشىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئەمەل سودىسى قىلىش، ئەمەل كويىدا قاتراش، ئەمەل تەلەپ قىلىش ۋە ئاۋاز توپلاش، پارا بېرىپ سايلىنىش، ئارىغا ئادەم قويۇپ سەمىگە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈش كېرەك. «تۆت خىل ھالەت»نى تەتبىقلاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى دەل جايىدا قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش نىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات»نى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە قوش رەھبەرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ۋە دۆلەت كارخانىلىرىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىنى تۇرۇشقا ئەۋەتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرى بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام بىلەن قانۇننى تۇتاشتۇرۇش، قانۇنلارنى جىپسىلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس خىزمەتتىن دوكلات بېرىشنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە پۇختا، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش كېرەك.

سەككىزىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشلامچىلىق بىلەن سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بارلىق خادىملارنى تەربىيەلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، سىياسىي ساپاسى، ئىنتىزام ـ قانۇن ئېڭى، كەسپىي ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» بولۇشنى سىجىل تۈزەپ، ئىنتىزام ئىجراسىدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇن ئىجراسىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئىستىلى ئارقىلىق سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، كەسپلەشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك!

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

## پومپېئونىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىش سالاھىيىتى يوق

□قورغاس ناھىيەسى كۆرە بازىرى يانبۇلاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى دىلشات تۇرسۇن

مېنىڭ ئىسمىم دىلشات تۇرسۇن، ئۇيغۇر مىللىتىدىن، قورغاس ناھىيەسى كۆرە بازىرى يانبۇلاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى.

2018 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ كۆرە قەدىمىي بازىرىدىن ئىبارەت بۇ ساياھەت مەنزىلگاھىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىش شەرق شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەن ئۆيۈمدە «مېۋىلىك باغ ئائىلىسى» دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدىم. مەن ۋە خوتۇنۇمنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، بىز يەنە پۇقراۋى قونالغۇنى كېڭەيتتۇق، سودىمىز يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلىنىپ، كىرىمىمىز ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالغاندا مەنمۇ ئىچكىرى رايونلاردىن نۇرغۇن دوست تۇتتۇم، يەنە چەت ئەللىك دوستلارمۇ بار، بەزىلىرى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدىم، ھازىرغىچە ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلتۇر خوتۇنۇم كۆرە بازىرىدا بىر دۇكان ئاچتى، ئۆيىمىزدىكى قويمۇ بەشتىن 20گە كۆپەيدى، تاڭخۇلۇ سودىمىز بارغانسېرى كېڭىيىپ، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى.

يېقىندا بىز پومپېئونىڭ تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلغانلىقىنى كۆردۇق، بىز ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر غالجىرلاشقان چۈپرەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئۇ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، بىزنىڭ تىنچ، گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى، ھەر بىر شىنجاڭلىق بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىدە ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى بىزدەك مۇشۇنداق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىدا! جۇڭگو شىنجاڭدا، بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىز تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، بىز ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن، پومپېئونىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىش سالاھىيىتى يوق.

بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئىپتىخارلىنىمەن. بۇ قېتىم تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا بىز ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى كۆردۇق، شۇنداقلا چوڭ دۆلەت سالاپىتىنى كۆردۇق، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇردۇق. بىزنىڭ جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى، بىز ھەممىمىز ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، بىز ۋەتىنىمىزنى ناھايىتى سۆيىمىز، ئەگەر بەزىلەر بىزنىڭ ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنسا، بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

ئۆزۈمنىڭ بىر جۇڭگولۇق بولغانلىقىمدىن ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى خۇشالمەن، بولۇپمۇ يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى بىزگە خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى يېگۈزدى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، بىز ناھايىتى بەختلىك!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا قارىتا شىنجاڭلىقلار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلدى، جەمئىيەت، ئىقتىساد تەرەققىياتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرۈلۈشىنى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

ھەر مىللەت خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولدى، تەرەققىيات سىجىل ياخشىلاندى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە، شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، شىنجاڭدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، مائارىپ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى شىنجاڭلىقلار ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

پومپېئو ئارقا ـ ئارقىدىن يالغان سۆزلەپ، شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى چەكلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي يوقىتىشنى يولغا قويىدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئېشىۋاتىدۇ، ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئامما ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىش ـ قوللانماسلىق، قانداق شەكىلنى قوللىنىپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا بىردەك شەخس ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن قارار قىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىششىغا بولمايدۇ، «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» مەسىلىسى تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس، ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ بولۇپ، جۇڭگوغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشتىكى يەنە بىر كۈلكىلىك ئويۇن.

پومپېئو شىنجاڭ «دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇردى» «ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلغانلىق. شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. پۇقرالارنىڭ بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىششىغا بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۇسۇلى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئايال كادىر، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، ئىلگىرىلىشىنى باشتىن كەچۈرگۈچى، شىنجاڭدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە، بولۇپمۇ ئاياللار، بالىلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە گۇۋاھ بولدۇم. شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى پومپېئو كۆرەلمەيدۇ، كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ، نۇرغۇن يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تارقاتتى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، خەلقئارا جەمئىيەتتە كۆز بويامچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پومپېئودەك بۇنداق غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىششقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك نەيرەڭلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن توسۇپ قالالمايدۇ، ئۇلارنىڭ خۇپيانە سۈيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.